# ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئىنكاس قايتۇرۇش داۋالاشتىكى قالايمىقانچىلىقلارنى تۈزەش

## —— ئاپتونوم رايونىمىز داۋالاش - سەھىيە ساھەسىدىكى مەسىلىلەرنى سىجىل تۈزىدى

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

□ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن

بۇ يىل 6 - ئايدا داۋالاش - سەھىيە ساھەسىنى مەخسۇس تۈزەش قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق سىستېمىسى ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش مەنپەئىتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى چىڭ كۆزلەپ، بىر تەرەپتىن «داۋالاشتىكى چىرىكلىك» «داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش» قاتارلىق قالايمىقانچىلىقلارنى تۈزەپ، يەنە بىر تەرەپتىن «كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش» «كېسەل كۆرسىتىش قىممەت بولۇش» قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، «ئىككى تەرەپتىن تەڭ تۇتۇش» ئارقىلىق داۋالاش - سەھىيە ساھەسىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاممىنىڭ داۋالىنىشتىكى ئاغرىش نۇقتىسىغا قارىتا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، داۋالاش - سەھىيە ساھەسىدىكى تېببىي ئەخلاق، تېببىي ئۇسلۇب، تېببىي دورا سېتىۋېلىش - سېتىش، داۋالاش مۇلازىمىتى قاتارلىق بەش جەھەتتىكى 18 تۈرلۈك مەزمۇندىكى مەسىلىنى سىجىل دەل جايىدا تۈزىدى. ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسىدا جەمئىي 820 مەسىلە يىپ ئۇچى توپلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 90%تىن كۆپرەكىدە تەكشۈرۈپ ئۆزگەرتىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىشتىكى ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە رازىمەنلىك دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلدى.

### قىلچە يول قويماسلىق —— داۋالاش خىراجىتىنىڭ نامۇۋاپىق ئېشىشىنى توسۇش

تېببىي خادىملارنىڭ «شېرىنكانە» ئېلىش، چوڭ رېتسېپ يېزىش قاتارلىق زىيادە داۋالاش «يوشۇرۇن قائىدىسى»نىڭ ئارقىسىدا، بىر قاتار چىرىكلىك ۋە ئۇسلۇب مەسىلىلىرى پەيدا بولدى. «ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبارسىز قارايدىغان، زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا قارىتا، بىز دەرھال تەكشۈرۈپ دەرھال تۈزىتىش، ئاخىرغىچە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇدۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر ليۇ جيەنگو.

بۇ قېتىمقى مەخسۇس تۈزەشتە، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى مەسىلە يىپ ئۇچى توپلاش، ئۆزى تەكشۈرۈپ ئۆزى تۈزىتىش، مەخسۇس تۈر بويىچە سەييارە تەكشۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق چىرىكلىك ۋە ئۇسلۇب مەسىلىلىرىنى دەل تېپىپ چىقتى، ئەمەلىي تېپىپ چىقتى. ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاشنى باشقۇرۇش مەركىزى DRGs سۇپىسى (كېسەللىكە دىياگنوز قويۇشقا ئالاقىدار شۆبە گۇرۇپپىلار)غا تايىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 2 -، 3 - دەرىجىلىك 21 داۋالاش ئاپپاراتىدىن 2016 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە بولغان 2 مىليون 367 مىڭ 200 پارچە كېسەل ئارخىپىنى تاللاپ، 25 خىل ئوپېراتسىيە ۋە كېسەل تۈرىنى تاللاپ تەكشۈرۈپ، ئوتتۇرىچە خىراجىتى يۇقىرىراق داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش ئوبيېكتى قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش كاپالەتى ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ 31 نەپەر مۇتەخەسسىسنى تەشكىللەپ، مەركەزلىك ھالدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 16 داۋالاش ئاپپاراتىنى پۈتۈن ساھەلىك، چوڭقۇر قاتلاملىق، كەسىپلەشكەن مەخسۇس تۈر بويىچە بىر ئاي سەييارە تەكشۈردى، كېسەل تارىخى ماتېرىيالىدىن 975نى، ئامبۇلاتورىيە رېتسېپىدىن 7015نى، داۋالىنىش خىراجىتى تىزىملىكىدىن 975نى ئىختىيارىي تاللىدى، خادىملار بىلەن 704 ئادەم قېتىم سۆھبەتلەشتى.

10 - ئاينىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پارتگورۇپپىسى تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلە تىزىملىكىگە قارىتا داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرتىپ سۆھبەتلىشىپ، تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ئارقىدىن جەمئىيەتكە بىرىنچى تۈركۈمدىكى تىپىك دېلو مىساللىرىنى ئاشكارىلاپ، دېلو ئارقىلىق تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى بالدۇر تۇتۇش، كىچىكىدىن باشلاپ تۇتۇشقا، بىخ ھالىتىدە توسۇپ، كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

### دەل جايىدا كۈچەش —— «كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش قىممەت بولۇش»نى ھەل قىلىش

ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل رېتسېپى ئىككى ئايغا ئۇزارتىلدى؛ ئالدىن كېلىشىپ دىياگنوز قويۇش داۋالاش مۇلازىمىتى تەرتىپى ئەلالاشتۇرۇلدى؛ ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقىدىكى «ھەممباب كارتا» داۋالىنىش ئۈنۈمىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈردى؛ ئائىلە دوختۇرى كېلىشىملىك مۇلازىمەت قىلىش ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىقىدىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تۇتاشتۇردى... بۇ قېتىمقى مەخسۇس تۈزەشتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق سىستېمىسى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەپ، ئاممىنىڭ «كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش قىممەت بولۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىر قوللاندى.

قۇمۇل شەھىرى سەھىيە - ساغلاملىقىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش سېلىنما سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شەھەر، ناھىيە، يېزا، كەنت تۆت دەرىجىلىك سەھىيە - ساغلاملىق «ھەممباب كارتا»سى قوللىنىشچان سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە تۇنجى بولۇپ ئېلېكترونلۇق ساغلاملىق كارتىسى ئارقىلىق داۋالىنىش يېڭى ئەندىزىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ يولغا قويۇپ ۋە كېڭەيتىپ، داۋالاش مۇلازىمىتى تەرتىپىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشتە «كۆپ كارتا بولۇش، ئۆزئارا باغلاپ ئىشلىتەلمەسلىك»تەك توسۇق نۇقتا مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

كۇچا ناھىيەلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئائىلە دوختۇرى كېلىشىملىك مۇلازىمەت قىلىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، كېلىشىملىك مۇلازىمەتنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاممىنىڭ ساغلاملىق مۇلازىمىتىدىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تۇتاشتۇردى.

ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل ئاغرىقلىرى دورا ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم دوختۇرخانىغا بېرىش، ئۆچرەتتە تۇرۇپ ساقلاش ۋاقتى ئۇزاق بولۇش، دورا ئىشلىتىش ئولايسىز بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش كاپالەتى ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل رېتسېپىنى ئۇزارتىش، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش، رېتسېپنى باھالاش قاتارلىق يەتتە تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە، كېسەللىك ئەھۋالى مۇقىم بولغان ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل ئاغرىقلىرىنىڭ بىر قېتىملىق رېتسېپىنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارىنى ئىككى ئايغا ئۇزارتىپ، ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل ئاغرىقلىرىنىڭ دورا ئېلىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، داۋالاش جەريانىدىكى «دىياگنوز قويۇش - داۋالاشتىن باشقا» ھالقىلاردا ئۆچرەت كۆپ بولۇش، كۈتۈش ۋاقتى ئۇزاق بولۇش قاتارلىق ئاما كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ مۇلازىمەت تەرتىپىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، دىياگنوز قويۇش - داۋالاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. تېلېفون، ئۈندىدار، ئۆز ئالدىغا مەشغۇلات قىلىش ماشىنىسى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ داۋالىنىش تەسىراتىنى ياخشىلاپ، تېز سۈرئەتتە ئالدىن كېلىشىپ مۇلازىمەت قىلىپ، كېسەل كۆرسىتىش ۋاقتىنى يېرىم سائەتكە قىسقارتتى. ئاممىۋى ئۈندىدار نومۇرى ئىقتىدار ئىستونىدىكى «ئالقان دوختۇرخانىسى» ئارقىلىق، بىر ھەپتىدىكى كېسەل كۆرىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئالدىن كېلىشىپ نومۇر ئالغىلى، توردا ھەق تاپشۇرغىلى، ھەقنى قايتۇرغىلى بولىدىغان بولدى.

### بوشاشماسلىق —— ئېغىر، چوڭ كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا كاپالەتلىك قىلىش

ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش يېڭى مەزگىلدىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق خىزمىتىدە جەزمەن ھۇجۇم قىلىپ ئالىدىغان قورغان ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سەھىيە - ساغلاملىق تارماقلىرى ۋە داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىدىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، دەرھال تەكشۈرۈپ دەرھال تۈزىتىپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنى يۇقۇملىنىش مەزگىلىدە مەركەزلىك ئايرىپ داۋالاش، يۇقۇملىنىش مەزگىلىدە بولمىغان ئاغرىقلارنى «مەركەزلىك دورا ئىچكۈزۈش+ئوزۇقلۇق ناشتىلىق» شەكلىدىكى ئۆيدە داۋالاش قاتارلىق بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. نۆۋەتتە، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنى تۇنجى قېتىم كېسەل كۆرسىتىش، دىياگنوز قويۇش، ئېنىق دىياگنوز قويۇش، دوكلات قىلىشتىن داۋالاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكىچە بولغان ۋاقىتنى ئىلگىرىكى ئوتتۇرىچە ئىككى ئايدىن بىر ھەپتىگە قىسقارتىپ، «بالدۇر بايقاش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش»نى ئىشقا ئاشۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشنىڭ «شىنجاڭ ئەندىزىسى» يولغا قويۇلدى ھەم پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش كاپالەتى ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى داۋالاش تۈرىنى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ چىقىم دائىرىسىگە كىرگۈزدى، ھەم پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارغا قارىتا ئامبۇلاتورىيەدە 100%، دوختۇرخانىدا ياتسا 90% ئاتچوت قىلىش سىياسىتىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنىڭ داۋالىنىش يۈكىنى يېنىكلىتىپ، كېسەلنى داۋالاش ۋە پۈتۈن جەريانلىق باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

قەشقەر ۋىلايىتى ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىنى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى، ئاممىۋى خىزمەت ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە سىڭدۈرۈپ، 15 ياشتىن ئاشقانلار ئارىسىدا ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، بىرى بايقالسا بىرىنى داۋالاش، داۋالاپ ساقايتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. مەكىت ناھىيەسى شىيتدۆڭ يېزىسىنىڭ ئېگىز ئېرىق كەنتىدىكى مەمەت تۇردى بوۋاينىڭ ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشتە ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى بايقالغان، ئۈچ ئاي مەركەزلىك داۋالاشنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، بىر پۇڭ پۇل خەجلىمەي داۋالىنىپ كېسىلى ياخشى بولۇپ كەتكەن، بوۋاي مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ماڭا ساغلام بەدەن ئاتا قىلدى».

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ چوڭ كېسەل مەخسۇس تۈرى بويىچە قۇتقۇزۇش - داۋالاش كېسەل تۈرى 32گە كېڭەيتىلدى، ھەم «ئاۋۋال داۋالىنىش، ئاندىن ھەق تۆلەش» «بىر بېكەتلىك راسچوت قىلىش» قاتارلىق سىياسەتلەر يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاممىنىڭ داۋالىنىش يۈكى ھەقىقىي تۈردە يېنىكلىتىلىپ، ئاما چوڭ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالسا كېسەل كۆرسىتەلەيدىغان ھەم ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا ئېرىشەلەيدىغان بولدى.

# 2019 شىنجاڭ داڭلىق، ئەلا، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى شاڭخەي سودا يەرمەنكىسى باشلاندى

مۇخبىرىمىز ليۇ يى خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، 2019 شىنجاڭ داڭلىق، ئەلا، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى شاڭخەي سودا يەرمەنكىسى شاڭخەي يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمە سارىيىدا باشلاندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن كەلگەن 198 كارخانا كۆرگەزمىگە قاتناشتى، 500 خىلدىن ئارتۇق شىنجاڭنىڭ داڭلىق، ئەلا، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى مەركەزلىك نامايان قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز، شاڭخەي شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى يىپىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

بۇ نۆۋەتلىك سودا يەرمەنكىسىدە «شىنجاڭ ياخشى جاي . شىنجاڭنى ھېس قىلىش» باش تېما قىلىندى. سودا يەرمەنكىسى مەزگىلىدە يەنە شىنجاڭنىڭ سۈپەتلىك ماركىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەخسۇس تونۇشتۇرۇش يىغىنى قاتارلىق يۈرۈشلۈك پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئاشلىق، پاختا، ياغ پىششىقلاش، مېۋە - چېۋە ھەم شوخلا، مۇراببا قاتارلىقلارنى تۆۋرۈك كەسىپ قىلغان كەسىپلەشكەن تىجارەت يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، خام ئەشيا چىقىرىشتىن تاۋار چىقىرىشقا ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. شىنجاڭ داڭلىق، ئەلا، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى شاڭخەي سودا يەرمەنكىسى سەككىز نۆۋەت مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ «يېشىل، ئوزۇقلۇق، تەملىك، ساغلام» بولۇشتەك سۈپەتلىك ماركا ئوبرازى كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. بۇ نۆۋەتلىك سودا يەرمەنكىسىدە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلار ۋە خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مەركەزلىك كۆرگەزمە قىلىنىپ، شىنجاڭ بىلەن شاڭخەي ئىككى جاينىڭ ئىقتىساد، سودا تەرەققىياتى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجدا قوش پايدا ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

## شىنجاڭ ياخشى جاي



**بۇغىلار توپى قارلىق دالىغا ھۆسن قوشتى**

قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى قارلىق دالىدىكى بۇغىلار (12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تارتىلغان). قىش كىرگەندىن بۇيان، قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى ئوتلاقلار كۈمۈش لىباس كىيدى، توپ - توپ بۇغىلار قارلىق دالىدا يايلاپ ئوتلىدى، قارلىق تاغ، قارىغايلىق، بۇغا توپى بىر پارچە گۈزەل يۈگمە رەسىمنى ھاسىل قىلدى.

□ سەي زېڭلى فوتوسى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىنجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)